# 195847 - پەرزەنت ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خىراجىتىدىن سەدىقە قىلسا، بۇنىڭ ساۋابى دادىسىغا بولامدۇ ياكى پەرزەنتنىڭ ئۆزىگە بولامدۇ؟

## سوئال

مەن ئوقۇغۇچى بولۇپ، كۈندىلىك خىراجىتىمنى دادامدىن ئالىمەن، كۈندىلىك خىراجىتىمنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئايرىپ مەسچىت قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلماقچى بولسام، بۇنىڭ ساۋابى ماڭا بولامدۇ ياكى مال دادامنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ساۋابى دادامغا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، بارلىق ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

دادىڭىز سىزگە كۈندىلىك خىراجىتىڭىز ئۈچۈن بەرگەن پۇلدىن ئايرىپ ئۇنىڭدىن مەلۇم مىقدارنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرىپ قىلسىڭىز، سىز ئۈچۈن سەدىقە قىلغانلىقنىڭ تولۇق ساۋابى بولىدۇ، دادىڭىز ئۈچۈن بۇ مالنى كەسىپ قىلغانلىق ۋە سىزگە خىراجەت قىلغانلىقنىڭ ئەجىر-ساۋابى بولىدۇ. ھېچ بىرىڭلارنىڭ ئەجىر-ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ئايال كىشى ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيىدىن بۇزۇپ-چاچماستىن سەدىقە قىلىدىكەن، ئۇ ئايالغا سەدىقە قىلغانىنىڭ ساۋابى بولىدۇ، خەزىنىچىگە ساقلىغانىنىڭ ساۋابى بولىدۇ، ئېرىگە مالنى كەسىپ قىلغانىنىڭ ئەجىر-ساۋابى بولىدۇ، ھەر بىرىگە ئايرىم-ئايرىم ئەجىر-ساۋاب بولىدۇ.»** [بۇخارى رىۋايىتى 1440-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1024-ھەدىس].

بۇ سەدىقە توغرىسىدا، ئايال كىشى مالنىڭ ھەقىقى ئىگىسى بولغان ئېرىنىڭ ئىقتىسادىنى بۇزۇپ-چاچماستىن ئۆرپ-ئادەت بويىچە سەدىقە قىلغان بولسا توغرا بولىدۇ، ئەمما ئايال ياكى بالا دادىسىنىڭ جاپا تارتىپ تاپقان ئىقتىسادىنى قالايمىقان بۇزۇپ-چاچسا ياكى ئادەتتىن تاشقىرى سەدىقە قىلىدىغان بولسا، بۇنداق ھالەتتە سەدىقە قىلىشتا، چوقۇم مال ئىگىسىدىن يەنى دادىسىدىن رۇخسەت ئېلىشى كېرەك بولىدۇ. [پەتھۇل بارى 3-توم 303-بەتكە قاراڭلار].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.